# ئارزۇ بىلەن تېخىمۇ ئېگىزگە، تېخىمۇ يىراققا پەرۋاز قىلىش

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىللاردا ھەممە جىمجىت ئۆزگەرمەكتە.

2015 - يىلى، جاۋجۇ ناھىيە بازىرىدىن ۋاۋۇ باشلانغۇچ مەكتەپكە بارىدىغان سېمونت يول ياسىلىپ تۇتاشتۇرۇلۇپ، ئازو ۋۇلىنىڭ مەكتەپكە بېرىش ۋاقتىنىڭ يېرىمى قىسقاردى؛ 2017 - يىلى يېڭى مەكتەپ بىناسى پۈتتى، بالىلار يورۇق، بىخەتەر سىنىپلارغا كۆچۈپ كىردى؛ ئېگىز - پەس يوللارنى بېسىپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغان پادىچى بالىلارنى ئىزدەيدىغان مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ھازىر 247 ئوقۇغۇچىسى بار بولدى؛ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بارلىق دەرسلىرى تەسىس قىلىندى، «بۇلۇت چوققىسى»دىكى بالىلار يەنە مەكتەپ پۇتبول كوماندىسى تەشكىللىدى...

ئىلگىرى قاتمۇقات تاغلار توسۇۋالغان مائارىپ نۇرى گۆدەك قەلبلەرنى يورۇتتى، چەكسىز ئارزۇلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يىزۇ ئامىسىنى يوقلاپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن، ئازو ۋۇلى مەكتەپ ئالدىدىكى يولنى بويلاپ مېڭىپ، تۇنجى قېتىم يۇرتىدىن ئايرىلىپ، ئوق پويىزغا ئولتۇرۇپ نەنجىڭغا كېلىپ پۇتبول دوستلۇق مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ جەمەتىدىن ھېچكىم ئەزەلدىن بۇنداق يىراققا بېرىپ باقمىغانىدى.

«چوڭ بولغاندا ناھايىتى كۆپ جايغا بېرىپ، ئوخشىمايدىغان رىقابەتچىلىرىم بىلەن مۇسابىقىلىشىمەن! مېنىڭ يەڭگۈم بار!» ئازو ۋۇلى ئارزۇسىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتتى.

## [مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]

«نامراتلارنى يۆلەشتە چوقۇم ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش كېرەك» «ھەرقانچە جاپا تارتساقمۇ، بالىلارنى جاپادا قويۇشقا بولمايدۇ، ھەرقانچە نامرات بولساقمۇ، مائارىپنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ» «مەجبۇرىيەت مائارىپى كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك»... پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، دۆلەت مالىيە خاراكتېرلىك مائارىپ خىراجىتىنىڭ GDPدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۇدا بىر نەچچە يىل 4% تىن يۇقىرى بولۇشنى ساقلاپ، نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاندى، يېزىلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ياخشىلاش پىلانى دۆلەت دەرىجىلىك بارلىق نامرات ناھىيەنى قاپلىدى.

چېلەكنىڭ سىغىمى ئەڭ قىسقا ياغاچ تاختا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

كەمتۈكلۈك تولۇقلاندى، «قەرز» تۈگىتىلدى، مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان «بۇلۇت چوققىسى»دىكى باشلانغۇچ مەكتەپ»تە جاراڭلىق كىتاب ئوقۇغان ئاۋاز ياڭرىدى.

## [ئىككىنچى ھېكايە]

### كونا رايوندىكى ئوقۇتقۇچىلار كۆچىنى بىرلەشتۈرۈپ، «باش پەللە»گە تىرەك بولدى

تەربىيەلەشكە قاتنىشىش، ئوقۇتۇش قورالىلىرىنى تەكشۈرۈش، رېمونت قىلىش، كۆزلۈك ئوقۇش مەشۇمىدىكى دەرسكە تەييارلىق قىلىش... پېژىغىرىم ياز كۈنلىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنئەن شەھىرى باۋتا رايونى ياڭجيالىڭ فۇجوۇ ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى يازلىق تەتىل سەۋەبىدىن ئالدىراشچىلىقنى توختىتىپ قويمىدى. ئاچ سېرىق رەڭلىك ئوقۇتۇش بىناسىدىكى قىزىل رەڭلىك «ئەتكى قۇياشنى كۈتۈۋېلىش» دېگەن چوڭ خەتلەر ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

2015 - يىلى 2 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يوقلىدى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمەنناتىنىڭ قاندائلىقىنى سەممىيلىك بىلەن سورىدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى چاغدىكى: «مائارىپ ناھايىتى مۇھىم، كونا ئىنقىلابىي رايونلار، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تۈتۈشىنىڭ نېگىزى يەنىلا مائارىپنى ياخشى تۇتۇشتا، بالىلار باش پەللىدىلا ئۇتتۇرۇپ قويماسلىقى كېرەك» دېگەن سەممىي تاپشۇرۇقى ھازىرغىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېسىدە.

ئۆتكەن تۆت يىلنى ئەسلىگەندە، 37 ياشلىق ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى جاڭ يەن ھاياجانلىنىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئوقۇتۇش مۇھىتىنى بۇرۇنقىغا ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تۆت يىلدا، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ئۈچ قەۋەتتىن بەش قەۋەتكە ئۆزگەرتىلدى، خەتتاتلىق ئۆيى، گۈزەل سەنئەت ئۆيى، مۇزىكا ئۆيى، ئۇسسۇل ئۆيىنىڭ ھەممىسى تەل بولدى، يەنە زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى سەپلەندى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتۇشتا ئالاقە تورى ئارقىلىق ماتېرىيال كۆرەلەيدىغان بولدى.

بايلىق «كىرگۈزۈش» تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلارنى پائال «سىرتقا چىقىرىش» كېرەك.

جاڭ يەن مەكتەپ تەرىپىدىن نەنجىڭ شەھىرى چاڭجياڭ يولى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىش ئورنى بويىچە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى، گەرچە قىسقىغىنا بىر ھەپتە ۋاقىت بولسىمۇ، ئەمما مول نەپكە ئېرىشتى: «ئىلغار مەكتەپكە بېرىپ ئىش ئورنى بويىچە ئۆگىنىشنىڭ مائارىپ لىكسىيەسى ئاڭلاشقا قارىغاندا ئۈنۈمى تېخىمۇ تېز، يۇقىرى بولىدىكەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىز تەسىراتلىرىمىزدىن ئۆزئارا ھەمبەھىرلىنىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ ياخشى ئۇسۇللاردىن ئاۋۋال پايدىلىنىپ، بالىلارنى باش پەللىدە ئۇتتۇرغۇزۇپ قويمايمىز».

ئىش ئورنى بويىچە ئۆگىنىشتىن باشقا، مەكتەپ يەنە بېيجىڭ شەھىرى چاۋياڭ رايونلۇق فاڭساۋدى باشلانغۇچ مەكتىپى، فۇجوۇ شەھىرى گۇلوۋ 2 - مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى قاتارلىقلار بىلەن مائارىپ ھەمكارلىقى بويىچە قوشماقلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ماھىرلىرى بىلەن ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. جاڭ يەن مۇنداق دېدى: گەرچە مېنىڭ «ئۇستاز»ىم ئەسلىدىكى مەكتىپىتىن يۆتكىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ خىل ياردەم بېرىش، يۆلەش، يېتەكچىلىك قىلىش ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، ئۇسۇل جەھەتتە يېتىشتى، غەيرىتى ئۇرغۇدى، مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. نۆۋەتتە، ياڭجيالىڭ فۇجوۇ ئۈمىد باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 2015 - يىلدىكى 20دىن كۆپىيىپ 40قا يەتتى، يەنە ئۆلكە، شەھەر دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ماھىرلىرى ۋە رايون دەرىجىلىك ئىلىم - پەن باشلامچىلىرى يېتىشىپ چىقتى.

«مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى تېزلىشىپ، بىز تېخىمۇ كۆپ يۈكسىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇق، ھازىرقى خىزمىتىمىز ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم مول مەزمۇنلۇق» دېدى جاڭ يەن.

## [مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]

مائارىپنى گۈللەندۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى كۈچەيتىش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. دۆلەت يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنى قوللاش پىلانىنى يولغا قويۇپ، يېزا - كەنت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈپ، شەھەر، يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتات ئۆلچىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇنۋان (ۋەزىپە) باھالاش - تەكلىپ قىلىشنى يېزا - كەنت مەكتەپلىرىگە مايىللاشتۇردى. نۇرغۇن ئۆلكە ئوقۇش خىراجىتىگە تولۇقلىما بېرىش، دۆلەت قەرز پۇلىنى ۋاكالىتەن قايتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى بىۋاسىتە يېزا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا جەلپ قىلدى.

تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان، تۇرۇپ قالالىدىغان، ياخشى ئوقۇتالايدىغان، ئۇسۇپ يېتىلگەن يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇل مائارىپنىڭ «تۈۋرۈك»ىگە تىرەك بولماقتا.

## [ئۈچىنچى ھېكايە]

### «چولپان يۇلتۇز» ئۆسمۈرلەرنى نامەلۇم دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلىدى

ياغمىغىنىغا ئۇزاق بولغان قاتتىق يامغۇر بېيجىڭ شەھىرىنىڭ نەچچە كۈندىن بۇيانقى تومۇز ئىسسىقىنى ھەيدىدى.

بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست مەكتىپى تېيەنگۇڭيۈەن ھەممباب تېخنىكا مەركىزىنىڭ يولىدا، تولۇق 3 - يىللىقتا ئوقۇپ ئوقۇش ئالدىدا تۇرغان جاڭ شىنشىن ئۆزى لايىھەلەپ ياسىغان كۆرگەزمە تاختىسىنى يېنىك يۆلەپ تىكلەپ قويدى. كۆرگەزمە تاختىسىنىڭ مەزمۇنى — «سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تارقىتىش ۋە ‹قارا قۇتا›نىڭ تەبىئىي ئاپەت نەق مەيدان سانلىق مەلۇماتلىرى ئاساسىدىكى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆتكەن ئىككى يىللىق ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

2016 - يىلى 9 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېيجىڭ شەھەرلىك 1 - ئاۋغۇست مەكتىپىگە كېلىپ، يەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھنى تەتقىق قىلىپ ياساۋاتقان ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاش ئۇسۇلىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنىدى. شۇ يىلى يىل ئاخىرىدا، يەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ تەتقىق قىلىپ ياساش ئەترىتىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا يەنە جاۋاب خەت يېزىپ، بالىلارغا «بىلىمگە بولغان تەشنالىقنى ساقلاش، ئىزدىنىشكە بولغان قىزىقىشنى ساقلاش»نى تاپىلىدى.

«تۇنجى كىچىك سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلگەنلىك خەۋىرى مەكتىپىمىزنىڭ چوڭ ئېكرانىدا توپتوغرا بىر ھەپتە تەكرار كۆرسىتىلدى.» ئەينى چاغدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان جاڭ شىنشىن چوڭقۇر ھاياجانلانغانىدى.

خۇددى بىر «چولپان يۇلتۇز»دەك، يەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش كىچىك سۈنئىي ھەمراھى جاڭ شىنشىننى تىرىشىپ بۇ مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشقا جەلپ قىلدى. پروگرامما تۈزۈپ كونترول قىلىش، ئەۋرىشكە يېتىشتۈرۈش، ئالىي مەكتەپ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ كۆرۈپ تەجرىبە ئۆگىنىش... ئۇ سوب ئوربىتال ئۇچقۇسى «فاڭ جوۋ 1 - نومۇر»نىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، چېرتيوژدىن رېئاللىققا ئايلىنىشىغا ھەمراھ بولدى. بۇ يىل 6 - ئايدا، ئالەم بوشلۇقى بىيو تەجرىبە بۆلۈمچىسىنى ئېلىپ ماڭغان بۇ ئۇچقۇ ئىچكى موڭغۇلدا مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلدى.

كىشىلەرنىڭ ئويلاپ يېتەلمەيدىغىنى، بۇلارنىڭ ھەممىسى جاڭ شىنشىننىڭ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشىنىڭ پەقەت بىر تەرىپىلا ئىدى. قارىماققا ئاقپىشماق، سىپايە كۆرۈنىدىغان بۇ قىز مەكتەپ كارتون ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇيۇشما باشلىقى بولۇپ، ۋاسكېتبولنى ياخشى كۆرەتتى، يۈگۈرۈشتە (?)... يۈنىلشلىك دالىدا يۈگۈرۈشكە ماھىر ئىدى. «مەكتەپ ماشىنا ئادەم، ساپال سەنئىتى، پۇتبول، جىڭجۇ تىياتىرى، ئۇسسۇل قاتارلىق ھەرقايسى تۈرلەردىكى تۈر تۈزۈمى دەرسلىرىنى تەسىس قىلىپ، بىزنى نامەلۇم دۇنيا بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇچرىشىشقا، نامەلۇم دۇنيا ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇردى».

ساپا مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش — باش شۇجى شى جىنپىڭ مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگەندە كۆرسەتكەن يۆنىلىش، مەكتەپ پارتكوم شۇجىسى نيۇ جېنيۈننىڭ قارىشىچە، بۇ، ئوقۇغۇچىلار دۇچ كەلگەن ئۆرلەپ ئوقۇش تەلىپى بىلەن زىت ئەمەس ئىكەن.

«قىزىقىشنىڭ باشلىنىشى، روھنىڭ يېتىلدۈرۈلۈشى ئۆگىنىشنىڭ ‹مەڭگۈلۈك دوڭگىلىكى›.» نيۇ جېنيۈن مۇنداق دېدى: «بالىلارنى ئىچكى جەھەتتە ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، تۇغما قابىلىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش، تاشقى جەھەتتە ساھە ۋە كەسىپنى ئىگىلەپ، بۇ ئاساستا بىلىم توپلاپ، تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆتۈرەڭگۈ روھقا، مول تۇرمۇش قىزىقىشىغا ئىگە ئادەم بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز».

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىش بىلەن بىللە، جاڭ شىنشىن يەنە 2 - ، 3 - يەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلىش خەۋىرىگە ئىنتىزار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نەزەرى تېخىمۇ يىراق، تېخىمۇ ئېگىز دۇنياغا تىكىلدى: «كەلگۈسىدە ئالەم قاتنىشى پەن - تېخنىكىسى ئالەم بوشلۇقى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. مەن مۇھەت ئاسراش، تەبىئىي ئاپەتنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىنسانلارغا تېخىمۇ كۆپ بەخت يارىتىمەن».

## [مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]

ياخشى مائارىپ خۇددى گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى جىمجىت كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشايدۇ.

دەرەخ تۆۋىدە توشقان كۈتۈشتەك ئۈتۈق قازدىنالماسلىق ئەمەس، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈشتەك كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلىپ كېتىشمۇ ئەمەس. ئۆلۈك ھالدا «سوئال چىقىرىش» يېڭىلىق يارىتىش روھىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ، ھالقىما ئوقۇتۇش ئادەمىيەت ساپاسىنى تېخىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. دەۋر قانچە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلغانسېرى، ئەتراپلىق يېتىلگەن ئىختىساسلىقلارغا شۇنچە ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

«ساپا مائارىپى مائارىپنىڭ يادروسى». باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، دۆلىتىمىز ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىدىن تۈزۈلگەن مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرسلىكى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈپ، دەرستىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ مەدەنىيەت پائالىيىتى ۋە جەمئىيەت چوڭ دەرسخانىسىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

قۇياش نۇرى ئاز - ئازدىن چېچىلىدۇ، ئايلار - يىللار ئۆتۈپ گۈزەللىك يارىتىلىدۇ. غۇنچە شەبنەم سۈمۈرۈپ، ئاخىرىدا پورەكلەپ ئېچىلىدۇ.

## [تۆتىنچى ھېكايە]

### ئىلگىركى «ناچار ئوقۇغۇچى» «ئىختىساسلىق بولۇش داغدام يولى»غا قەدەم قويدى

«كەسپىي مائارىپ دۆلىتىمىز مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يۇقىرى ساپالىق، ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئۇل قۇرۇلۇش، يۇقىرى، تۆۋەن ئورتاق تىرىشىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى باشقۇرۇش كېرەك».

بۇ، 2015 - يىلى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ گۇيجوۇدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا كەسپىي مائارىپ توغرىسىدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى.

تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ سۆزنى ئەسلىگەندە، بۇ يىل ئالىي كەسپىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن لى مىڭياڭ يەنىلا ھاياجىنىنى باسالمىدى: «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن، مەن ‹ناچار ئوقۇغۇچى›لىق كۆلەڭگىسىدىن قۇتۇلۇپ، ‹ئىختىساسلىق بولۇش داغدام يولى›غا ماڭدىم».

لى مىڭياڭ ئىلگىرى بىرمەھەل كىشىلىك تۇرمۇش يولى ماڭغانسىرى تارىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغانىدى.

تولۇق ئوتتۇرىغا ئۆرلەش ئىمتىھان نەتىجىسى ئاران 200 نەچچە نومۇر بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن لى مىڭياڭ «ئوقۇيالماسلىق» قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، كەسپىي مەكتەپ ئامالسىزلىقتىن «ئەپلەپ - سەپلەپ» ئوقۇيدىغان جايغا ئايلانغانىدى.

2015 - يىلى 6 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ گۇيجوۇ ئۆلكىلىك ماشىنسازلىق سانائىتى مەكتىپى ئەمەلىي مەشىق بازىسىغا كەلدى، لى مىڭياڭ ۋە ساۋاقداشلىرى ئاپتوموبىل پىششىقلاش، رەقەملىك كونترول قىلىنىدىغان ئىستانوك، ماشىنا ئادەم ئۆلىگە كۆرسىتىپ ئوقۇتۇش، لازېر نۇرلۇق بېسىش قاتارلىق دەرسلەر بويىچە ئەمەلىي مەشىق قىلىۋاتاتتى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆردى، ئۇلاردىن ئۆگىنىش تەسىراتىنى سورىدى.

«ھەر ساھە، ھەر كەسىپ زور تۈركۈم پەن - تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىغا موھتاج، شۇنداقلا زور تۈركۈم ماھارەت تىپىدىكى ئىختىساسلىقلارغا موھتاج، كۆپچىلىك ئۆزۈڭلارنىڭ ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىشىڭلار كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى لى مىڭياڭ ۋە ساۋاقداشلارغا «خاتىرجەم قىلىش كۇمىلچى» يېگۈزدى.

قول سېلىپ ئىشلەش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان لى مىڭياڭ بىر داۋلىنى چۈشىنىشكە باشلىدى: تۇغما تالانت ھامان ئەسقاتىدۇ. تالانت ئۆزىگە تەۋە بولغان ساھەدە پورەكلەپ ئېچىلدۇرۇلسا، ئۇنى قانداقمۇ بىر خىل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېگىلى بولمىسۇن؟

ئىلگىركى تېڭىرقاش كەسىپكە بولغان قىزغىن مۇھەببەتكە ئايلاندى، يىگىت ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەمەلىي مەشىق ئۆيىدە تېخنىكا تەتقىق قىلدى، قوللىرى تىلىم - تىلىم يارا بولۇپ كەتسىمۇ قىزىقىشىدىن يانمىدى. 2016 - يىلى ئۇ مەكتەپكە ۋاكالىتەن 44 - نۆۋەتلىك دۇنيا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىنىڭ تاللاش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي جاسارەت بىلەن ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى.

كارخانىلار بەس - بەستە زەيتۇن شېخى سۇندى، مەكتەپ ئەمەلىي مەشىق ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلدى... ئىلگىركى «ناچار ئوقۇغۇچى» خۇشال ھالدا «كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇشكۈلاتنى يېڭىش»نى ئىشقا ئاشۇردى.

لى مىڭياڭ بىلەن بىللە «مۇشكۈلاتنى يەڭگەن»لەر كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا يېقىندىن ئەگەشكەن كەسپىي مەكتەپلەر. لى مىڭياڭ پۈتكۈزگەن ئالىي كەسپىي مەكتەپ — گۇيجوۇ جابدۇق ياسىمىچىلىقى كەسپىي شۆيۈەننى مىسالغا ئالساق، شۆيۈەن بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن سانائەت ماشىنا ئادىمى، 3D لىق بېسىش، چوڭ سانلىق مەلۇمات ئارقىلىق چاقىرىش قاتارلىق كەسپ ۋە دەرسلەرنى يېڭىدىن تەسىس قىلدى ھەم ئىلغار ئۇسكۇنىلەرنى سەپلەپ، ئوقۇتۇش قاتتىق دېتاللىرىنى ياخشىلىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن ئۆلكىگە كەڭ تارقىلىپ، جابدۇق ياسىمىچىلىقى تېخنىكا - ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنىڭ بىر كۈچلۈك يېڭى قوشۇنىغا ئايلاندى.

ئۆزىگە ماس كېلىدىغان ئارتۇقچىلىقنى توغرا تاپقاندا، كەسپىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلىرى «چەكسىز زور» يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدۇ. لى مىڭياڭ شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشى چەكسىز بىپايان، تەڭداشسىز قالتىس.

## [مۇخبىرنىڭ خاتىرىسى]

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئىختىساسلىقلار گۈلشەنىدىكى ھەممە گۈللەرنىڭ تەڭ ئېچىلىشىغا موھتاج. بىزدە چىن جىگرۇن، تۇ يويۇيۇ بار ھەم «چوڭ دۆلەت ھۈنەرۋەن»لىرىمۇ بار.

2014 - يىلى باش شۇجى شى جىنپىڭ كەسپىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، «تىرىشىپ نەچچە يۈز مىليون يۇقىرى ساپالىق ئەمگەكچى ۋە تېخنىكا - ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. گوۋۇيۈەن زامانىۋى كەسپىي مائارىپنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارنى بېسىپ تارقاتتى، ئۆلكە، مىنىستىرلىقلار دۆلەت كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتى سىناق رايونىنى ئورتاق قۇردى، «دۆلەتنىڭ كەسپىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» بېسىپ تارقىتىلدى... دۆلىتىمىزنىڭ كەسپىي مائارىپ تەرەققىياتى «تېز سۈرئەتلىك يول»غا كىردى.

كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان كەسپىي مائارىپ ئىختىساسلىقلار ئۆسۈپ يېتىلىدىغان «ئۆتۈشمە كۆۋرۈك»نى سالدى. سانسىزلىغان «لى مىڭياڭ»لار بىر يەرگە يىغىلغاندا «ھەممە كىشى ئىختىساسلىقلاردىن بولالايدىغان، ھەممە كىشى ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلالايدىغان» ئىجتىمائىي كەيپىيات ئۈلگىلىپ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىدۇ.

(مۇخبىرلار: شى يۈسېن، ۋۇ گۇاڭيۇ، لياڭ ئەيپىڭ، جاۋ ۋەنۋېي، لو فېي)

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپتونوم رايون ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

## ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى بىر ئاي ئىچىدە پىلان بويىچە تاماملىنىدۇ

مۇخبىرلىرىمىز **ليۇ يى، ياۋ گاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايون ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىش يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايون ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلىگە كىردى، ساياھەتچىلەرنىڭ ھاجەتخانىغا كىرىش قىيىن بولۇش، ياتاقتا يېتىش قىيىن بولۇش مەسىلىلىرىگە بولغان ئىنكاسى بىرقەدەر كۈچلۈك، بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ياخشى تۇتۇش ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاشتا تولىمۇ تەخىرسىز، ئىنتايىن مۇھىم.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە قاتتىق كۈچەپ، يېشىل يول ئېچىپ، تەرتىپلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تېز ئالغا سىلجىتىشى كېرەك، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلار، قىلىدىغانىنى قىلمىغان، سۆرەلمىلىك قىلغانلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە جاۋابكارلىقى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا قاتتىق كۈچەپ، ۋەزىپە تىزىملىكى تۈزۈپ، نىشان بەلگىلەپ چەك قىلىپ، تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈپ باشقۇرۇپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى ۋە ساياھەت رايونى ھاجەتخانىسى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى جەزمەن بىر ئاي ئىچىدە سۈپەت، سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تاماملىشى كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا قاتتىق كۈچەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. خىزمەتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مەبلەغنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ۋە كەسپكارلار، بولۇپمۇ دېھقان - چارۋىچىلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىگە كىردى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كەلكۈن مەزگىلىدە بىخەتەر يول يۈرۈشتىكى ئەسكەرتمە، ئەسكەرتىشلەرنى ۋاقتىدا ياخشى قىلىپ، قاراتمىلىق ھالدا كەلكۈن مەزگىلىدىكى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

## ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 7 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى

# مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ياڭ شۇخەن** خەۋەر قىلىدۇ: 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايون قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 7 - قېتىملىق يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان پىكىرلەر بويىچە تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى خىزمەت لايىھەسى» تەتقىق قىلىندى، قاراپ چىقىلدى، ھازىر قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىندى ھەم كېيىنكى يېرىم يىللىق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جۇنجېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونىمىز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى خىزمىتىدە مۇھىم، زور باسقۇچلۇق ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 - نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى، ئەمما يەنە بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلار ساقلانماقتا. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئېلىپ، مەركەز نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى بايقىغان مەسىلىلەر، ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر - تەكلىپلەر ۋە ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزىنى كۆزىتىشتە بايقالغان مەسىلىلەرگە قارىتا، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىپ، ھەقىقىي تۈزىتىپ، ئەمەلىي تۈزىتىپ، بىرىنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىپ، كۈچلۈك تۈرلەرنى مۇستەھكەملەپ، ئاجىز تۈرلەرنى تولۇقلاپ، كۈچلۈك بۇرچ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشىدە قايتىدىن يېڭى بىر نۆۋەت كۈچلۈك ھۇجۇم ۋەزىيىتى قوزغاشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكتىكى قايتما ئىنكاسنى پۇرسەت بىلىپ، دىققەتنى كۈچەش نۇقتىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش نۇقتىسىنى تۇتۇپ، كۈچەش نۇقتىسىنى چىڭ كۆزلەپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىكتە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم - كوتىسىز ياخشى تۇتۇپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك.